# بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەشتىكى «ئۈچ چوڭ جەڭ» چوڭقۇرلۇقتا قاراپ ئىلگىرىلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئون نەچچە يىل «كۆك ئاسمان قۇرۇلۇشى» «كۆمۈرنى گازغا ئۆزگەرتىش» قۇرۇلۇشىنى سىجىل قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئۈرۈمچىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىش ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 2018 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، «كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭى» باشلانغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە 65 توننىدىن تۆۋەن سانائەت كۆمۈر يېقىلغۇ پار قازانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن شاللىۋېتىلدى، «تارقاق، قالايمىقان، بۇلغىما چىقىرىدىغان» كارخانىلار تۈزەلدى، چوڭ تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتىن تاشقىرى تۆۋەن بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھاۋا سۈپىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى.

خۇددى لى ئەيمىننىڭ ھېس قىلغىنىغا ئوخشاش، ئەتراپتىكى ساپ ھاۋانى ھېس قىلىش پۇقرالارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئېكولوگىيە ئاساسى.

كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭى، زۇمرەت سۇنى قوغداش جېڭى، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىگە تەڭ كۈچ چىقىرىلىپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەشتىكى «مۇھىم تۇتقا» چىڭ تۇتۇلدى، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردە نامايان بولماقتا.

شەھەر، رايون، يېزا ـ بازاردىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك دەريا ـ كۆل باشلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى سەيشوپۇ كۆلى تۈزەش ئارقىلىق، بىر مەھەل تارىيىپ كەتكەن كۆل يۈزى كېڭىيىشكە باشلىدى. يېقىن ئەتراپتا ئولتۇرۇشلۇق ياسىن قۇرنا سەيشوپۇ كۆلى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىنىڭ ئېكولوگىيە چارلىغۇچىسى. «كۆل يۈزى كېڭەيگەندىن باشقا، سۈيى سۈزۈلدى، ئوت ـ چۆپلەر كۆكەردى، قۇشلارمۇ كۆپەيدى، بىز ھەر كۈنى بۇ يەردە خىزمەت قىلىمىز، تۇرمۇش كەچۈرىمىز، كۆڭلىمىز ئازادە بولۇپ قالدى» دېدى ياسىن.

بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 14 شەھەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئەلا سۈپەتلىك كۈن سانى نىسبىتى%69.1 بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.7 پىرسەنت پونكىت كۆپەيدى. كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭىدىكى نۇقتىلىق رايون بولغان «ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە» «كۈيتۇن ـ مايتاغ ـ شىخو»نىڭ ھاۋا سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ مۇھىت سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى. ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مىنىستىرلىقى ئېلان قىلغان 2019 ـ يىللىق «سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش ھەرىكەت پىلانى»نى يولغا قويۇش ئەھۋالىدا، شىنجاڭ سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش ھەرىكەت پىلانىنى ياخشى يولغا قويغان ئۆلكە قاتارىغا كىردى؛ تۇپراقنى تۈزەش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيەۋى ئوغۇت مىقدارىنى ئازايتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش ناھىيەسىدىن 11نى بەرپا قىلدى، ئۆلگە كۆرسىتىش كۆلىمى 247 مىڭ 700 موغا يەتتى، سولياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %76.4 بولدى...

ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدار خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتى. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەشتىكى ئۈچ چوڭ جەڭ تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

### مۇساپە: يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بوشاشماي تىرىشتى

بۇلتۇر 5 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان شىنجاڭ يەنلى تاۋار بېتون قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىش ـ تۈزەش ئارقىلىق، مۇھىت ئاسراش تەلىپىگە يەتكەندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ شىركەت ئۈرۈمچى شەھىرى ئېنىقلاپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تۈزىگەن 3217 «تارقاق، قالايمىقان، بۇلغىما چىقىرىدىغان» كارخانىنىڭ بىرى.

«راست گەپنى قىلساق، ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ بىز كۆپ زىيان تارتتۇق. لېكىن بىز قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ تەرتىپكە سالدۇق، تۈزىدۇق، مۇھىت ئاسراش ئەسلىھەلىرىگە مەبلەغ سالدۇق، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش سەۋىيەسىمۇ بىر بالداق ئۆرلىدى. شىنجاڭنىڭ كۆك ئاسمىنى ئۈچۈن، بۇ مەبلەغ سېلىشىمىز ئەرزىيدۇ!» دېدى كارخانا مەسئۇلى.

بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشتا، بىرنەچچە مەيدان بەلگە خاراكتېرلىك مۇھىم، زور جەڭ قىلىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ پۇقرالارنىڭ ئەتراپىدىكى گەۋدىلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش كېرەك.

ئۈچ چوڭ قوغداش جېڭىدە نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىنى ئىشقا سېلىش، ئاماما ئالدىنى ئېلىش، ئاماما تۈزەشنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن، شۇنداقلا ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىپ، چېچەكلەپ مېۋە بەرگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەۋزەل ئەسكىرىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىر جەڭ بىر جەڭدىن قىلىپ، كەسىپ، ئېنېرگىيە، ترانسپورت ۋە يېزا ئىگىلىك سېلىنما قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى.

2019 ـ يىلىلا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي چېكىندۈرۈلگەن تۆمۈر تاۋلاش ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 500 مىڭ توننا، پولات تاۋلاش ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 2 مىليون 250 مىڭ توننا بولدى. «تارقاق، قالايمىقان، بۇلغىما چىقىرىدىغان» كارخانىدىن جەمئىي 3940ى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ چىقىلىپ، %90تىن كۆپرەكىدە تاقاش، توختىتىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بىرىكتۈرۈپ كۆچۈرۈش، ئۆز جايىدا دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزگەرتىپ ياساش تاماملاندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنىدىغان گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى دەرىجىدىن تاشقىرى تۆۋەن بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى تولۇق قاپلاش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. سېمونت، تەكشى ئەينەك قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى پۈتۈنلەي چېكىندۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز سانائەت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەشنى چىڭ تۇتۇپ، قەغەز ياساش، پولات ـ تۆمۈر، ئازوتلۇق ئوغۇت، گۈل بېسىش ۋە بوياش، دورا ياساش، كۆن ـ خۇرۇم كەسپىنى پاكىزلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ ياساش خىزمىتىنى تاماملاپ، بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى قاتتىق تىزگىنلىدى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 85 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى سانائەت توپلاشقان رايوننىڭ 83ىدە پاسكىنا سۇنى مەركەزلىك بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەسى قۇرۇپ چىقىلدى ھەم ئاپتوماتىك توردا نازارەت قىلىش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 3355 دەريا ـ ئېقىن، 121 كۆلدە دەريا ـ كۆل باشلىقى تۈزۈمى ئورنىتىلدى، دەريا، كۆللەرنى ئۈچ يىللىق تۈزەش ھەرىكىتى سۇلۇق يەرنى قايتا پەيدا قىلدى، كۆلنى زۇمرەت، سۇنى سۈزۈك قىلدى.

«تۇپراق بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش قانۇنى» ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇپراق بۇلغىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئالغا سىلجىتىلىپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەر ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان يەرنىڭ تۇپراق بۇلغىنىش خەۋپ ـ خەتىرىنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش ئالغا سىلجىتىلىپ، مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش كۈچەيتىلىپ، ئاماما خاتىرجەم ئىستېمال قىلىش، خاتىرجەم ئولتۇراقلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەن «ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك بولۇش» ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقاندا، ئېكولوگىيەنى ئاسراش، مۇھىت ئاسراشمۇ كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ئالدىراش بولمىسىلا، باغراش ناھىيەسىدىكى ئاھالە ۋاڭ مىنجې دوستلىرى بىلەن باغراش كۆلى بويىغا كېلىپ، سۇدىكى ئەخلەتلەرنى سۈزىدۇ. «مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشى تەستە قولغا كەلگەن، بىز باغراش كۆلىنى ياخشى قوغداپ، ئۇنى مەڭگۈ گۈزەل قىلىپ، بىزگە تېخىمۇ كۆپ راھەت ۋە ھۇزۇر ئېلىپ كېلىدىغان قىلىشىمىز كېرەك» دېدى ۋاڭ مىنجې كۆل يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ.

### ئالدىن كۆرەرلىك: سىجىل كۈچەپ چوڭقۇرلۇقتا قاراپ ئىلگىرىلىدى

7 ـ ئاينىڭ تومۇز كۈنلىرى، باۋگاڭ گۇرۇھى شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست پولات ـ تۆمۈر چەكلىك شىركىتىدە باگاڭ ئوكسىگېنلىق دومنا پېچىغا ئوت يېقىلىپ، ساپ ئوكسىگېن ئىشلىتىش ئىسسىق شامال چىقىرىشنىڭ ئورنىنى ئالدى. تېخنولوگىيەنى ئەلالاشتۇرۇش، كۆمۈر گازىدىن تەكرار پايدىلىنىش ئارقىلىق، كاربون قويۇپ بېرىش مىقدارىنى %40تىن كۆپرەك ئازايتىشنى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى %40 ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

«بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش بىر مەيدان مارافونچە يۈگۈرۈش جېڭى بولۇپ، بىر قېتىملىق جەڭ بىلەن تۈگەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. ساقلانما مىقدارنى تۈزەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە چىڭ كۆزلەپ قويۇپ بەرمەي، ئېشىش مىقدارى پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كادىرى ۋېن يۈبياۋ مۇنداق دېدى: بۇ يىل، ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق كەسىپ، نۇقتىلىق بۇلغاش ئامىللىرىنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق، پولات ـ تۆمۈر، ئوت ئېلېكتر، سېمونت قاتارلىق نۇقتىلىق كەسىپلەرنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى چىڭ كۆزلەپ، پولات ـ تۆمۈر سانائىتىدە بۇلغىمىنى دەرىجىدىن تاشقىرى تۆۋەن قويۇپ بېرىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، VOC، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىق كەسىپلەردە ئۆلچەمنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزگەرتىپ ياساپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، داۋاملىق كۈچەپ، كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىدۇ.

بۇ يىلقى ئىسسىنىش مەزگىلى ئۆتۈشى بىلەنلا، ئۈرۈمچى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىسسىنىش مەزگىلىدىن باشقا پەسىللەردىكى كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭىگە ئاتلاندى. ئۈرۈمچى ـ سانجى رايونى چاڭ ـ توزاندىن بۇلغىنىشنى تۈزەش بويىچە مەخسۇس تەرتىپكە سېلىش ـ تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، ئۈرۈمچىدىكى 23 موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ئومۇميۈزلۈك يېڭى ئۆلچەمنى قوللىنىپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى، دىزېل يۈك ئاپتوموبىللىرى قالدۇق گاز قويۇپ بېرىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش ئەھۋالىغا قارىتا دائىملاشقان قانۇن ئىجراسى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى...

«بۇ يىل ئۈچ چوڭ قوغداش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، نۆۋەتتە ئەڭ مۇھىمى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەشنىڭ چوڭقۇرلۇقتا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ تېخىمۇ زور جەڭ نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش» دېدى ۋېن يۈبياۋ.

ئاپتونوم رايونىمىز سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش خىزمەت لايىھەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، كۆل، سۇ ئامبارلاردىكى سۇنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەشنى كۈچەيتىدۇ. باغراش كۆلى، ئۇلۇڭگۇر كۆلى، ئېبنۇر كۆلى قاتارلىق كۆللەرنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىدۇ؛ «ئاپتونوم رايوننىڭ تۇپراق بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش خىزمىتى لايىھەسى»نى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، نۇقتىلىق ساھەلەردىكى كارخانىلارنىڭ يەر ئىشلىتىش، تۇپراق بۇلغىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى تاماملاپ، كادمىي قاتارلىق ئېغىر مېتاللارغا چېتىشلىق نۇقتىلىق ساھەلەردىكى كارخانىلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش ـ تۈزەشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، ئېغىر مېتاللارنىڭ تېرىلغۇ يەرنى بۇلغىشىنى مەنبەدىن ئالدىنى ئالىدۇ.

ئاپتونوم رايون مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشىلىنىپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى سەۋىيەسى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلىدۇ. 2035 ـ يىلىغا بارغاندا، گۈزەل شىنجاڭ نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؛ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىنىدۇ.

نىشان بېكىتىلدى، ئەمدىكى ئىش پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پىرىنسىپ جەھەتتە شەخسلەرنىڭ ھەق تاپشۇرۇش ئۆلچىمى ماس قەدەمدە 30 يۈەن ئۆستۈرۈلۈپ، ھەربىر ئادەمنىڭ يىلدا تاپشۇرىدىغان ھەققى 280 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىققا يەتكۈزۈلىدۇ. مالىيە ياردەم پۇلى ۋە شەخسلەرنىڭ ھەق تاپشۇرۇش سەۋىيەسى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە توشقان بىرتۇتاش غەملەش رايونلىرى ئەمەلىيەتكە ئاساسەن مەبلەغ توپلاش سەۋىيەسىنى مۇۋاپىق بېكىتسە بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز ئاھالىلەرنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاھالىلەر داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ئادىل، ئومۇمىي مەنپەئەتدار بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، دوختۇرخانىدا يېتىش تەمىنات سەۋىيەسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، سىياسەت دائىرىسىدە دوختۇرخانىدا يېتىش خىراجەت چىقىم نىسبىتىنىڭ %70تىن يۇقىرى بولۇشىنى مۇقىملاشتۇردى؛ ئېغىر كېسەللىك سۇغۇرتا كاپالىتى سەۋىيەسىنى مۇستەھكەملەپ، دەسلەپكى پۇل تۆلەش چېكىنى شەھەر، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ يېرىمىغا تۆۋەنلىتىپ، سىياسەت دائىرىسى ئىچىدىكى چىقىم قىلىش نىسبىتىنى %60كە ئۆستۈرۈش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈردى. ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسىدا نامرات نوپۇسقا مايىللاشقان چىقىم قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسنىڭ دەسلەپكى پۇل تۆلەش چېكىنى سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭكىدىن يېرىم تۆۋەنلىتىپ، چىقىم قىلىش نىسبىتىنى بەش پىرسەنت پونكىت ئۆستۈرۈپ، يېزىلاردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەك ئۆلچىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. داۋالاش ـ قۇتقۇزۇشقا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىشتا تاپشۇرىدىغان شەخسىي ھەققىگە تولۇق سوممىلىق مەبلەغ ياردىمى بېرىش، تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتى، يېزىلاردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسقا نورما بەلگىلەپ مەبلەغ ياردىمى بېرىش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

## شىنجاڭدا 4A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەنزىرە رايونى 100دىن ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«13 ـ بەش يىل» دىن بۇيان، شىنجاڭ ئېسىل مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، بىر تۈركۈم كۆلەملەشكەن، يۇقىرى ئۆلچەملىك، نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ساياھەت تۈرلىرىنى قۇرۇشنى تۇتقا قىلىپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قاتتىق دېتال، يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايتىپ، دۆلەت A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى، پۈتۈن رايون ساياھىتى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى، ساياھەت ئىستىراھەت رايونى ۋە ئېكولوگىيەلىك ساياھەت ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى قاتارلىق بەرپا قىلىش خىزمەتلىرىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ئېسىل مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزلۈكسىز سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈردى.

بۇ يىلدىن بۇيان، پامىر ساياھەت رايونى دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى بولۇپ باھالاندى، 13 مەنزىرە رايونى 4A دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى، سايرام كۆلى مەنزىرە رايونى ۋە قاراماي موگۈيچېڭ مەنزىرە رايونى، گۇچۇڭ جامبۇلاق مەنزىرە رايونىنىڭ 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىش خىزمىتى كۈچەش باسقۇچىغا كىرگەن بولۇپ، يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىنى 15كە يەتكۈزۈش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاپتونوم رايونىمىز A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ سۈپەت دەرىجىسىنى قايتا تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تۇتقا قىلىپ، مەنزىرە رايونلىرىنى كۈندىلىك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىپ، A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونلىرىنى «كىرەلەيدىغان، چىقالايدىغان، ئۆرلىيەلەيدىغان، چۈشەلەيدىغان» بولۇشتەك ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇپ، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئۆلچەم بويىچە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئاڭلىق مۇكەممەللەشتۈرۈشى، مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## ئالاھىدە تىرانسفورموتور پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 800± كىلوۋولتلۇق ئېلاستىكلىق تۇراقلىق توك ئالماشتۇرۇش كىلاپانى مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا سېلىندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋۇدوڭدې تۈرى پۈتكەندىن كېيىن، دۇنيادىكى تۇنجى ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق كۆپ ئۇچلۇق ئارىلاشما تۇراقلىق توك قۇرۇلۇشى، تۇنجى ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق ئېلاستىكلىق تۇراقلىق توكنى ئۆزگەرتىشچان توكقا ئايلاندۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇشى، سىغىمى ئەڭ چوڭ ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق كۆپ ئۇچلۇق تۇراقلىق توك يوللاش قۇرۇلۇشى بولۇپ قالىدۇ.

ئالاھىدە تىرانسفورموتور پاي چەكلىك شىركىتى ۋۇدوڭدې لىيۇبېي قۇتۇپ 1 ئۆزگەرتىشچان توكقا ئايلاندۇرۇش پونكىتىنىڭ ئۇسكۇنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇسكۇنىلەرنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 3GW بولۇپ، ئىككى كىلاپان زالى، 24 كىلاپان مۇنارىغا چېتىلىدۇ. بۇ قېتىمقى توشۇش ئالاھىدە تىرانسفورموتور پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە شىئەن كەسىپلەر باغچىسىدىن باشلىنىپ، شەنشى، خېنەن، خۇبېي، خۇنەن، گۇاڭشىدىن ئىبارەت بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن ئۆتىدۇ، ئومۇمىي مۇساپىسى 1500 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، مال توشۇيدىغان ئاپتوموبىل سانى جەمئىي 120دىن ئاشىدۇ. ئەشيا ئوبوروتى نازارەت قىلىپ توشۇش جەريانىدىكى بىخەتەر توشۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىركەت پۈتۈن مۇساپىدە توشۇش ئۇچۇرلىرىنى تەكشۈرۈش ئەسۋابى ئارقىلىق ئەمەلىي ۋاقىت بويىچە نازارەت قىلىپ كۆزىتىدۇ ھەم چوڭ سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق توشۇش ھالىتىنى تەكشۈرۈپ، پۈتۈن جەريانلىق كونترول قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.